شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 - يىل 3 - ئاينىڭ 27
شەنبە
维吾尔文 3 月27日
25373 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W　پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57　تىيانشان تورى: www.ts.cn

### جۇڭگو بىلەن كامېروننىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

# شى جىنپىڭ كامېرون زۇڭتۇڭى بىيا بىلەن ئۆز-ئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كامېرون زۇڭتۇڭى بىيا بىلەن ئۆز-ئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان يېرىم ئەسىردىن بۇيان، جۇڭگو - كامېرون ئىككى دۆلەت جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مۇستەھكەملىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىككى دۆلەتنىڭ دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى كۈچلۈك بولدى، سىياسىي جەھەتتىكى ئۆز-ئارا ئىشىنىش كۈنسېرى چوڭقۇرلاشتى، ئەمەلىي ھەمكارلىق نەتىجىلىرى مول بولدى، بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### شى جىنپىڭ قوراللىق ساقچى 2 - جىددۇيى باش ئەترىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مۇنداق تەكىتلىدى

# ئەسكەرلەرنى مەشقلەندۈرۈش، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، بۇرچ، ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك



3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ قوراللىق ساقچى 2 - جىددۇيى باش ئەترىتىگە بېرىپ كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە: شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلماقتا.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى گاڭ فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، فۇجوۋ، 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى شۈەنلياڭ، لىيۇ شىن)** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قوراللىق ساقچى 2 - جىددۇيى باش ئەترىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: قوراللىق ساقچى جىددۇي باش ئەترىتى قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ جىددۇي ئۇرۇش قىلىدىغان مۇھىم كۈچى بولۇپ، بۇرچى شەرەپلىك، مەسئۇلىيىتى مۇھىم، زور. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىستراتېگىيە فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ داۋاملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، ئەسكەرلەرنى مەشقلەندۈرۈش، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، بۇرچ، ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ قىسىم قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش كېرەك.

3 - ئايدىكى فۇجيەن تۇپرىقىدا تاغلار يېشىل، سۇلار سۈزۈك بولۇپ، باھار تۈسى نامايان بولۇپ تۇراتتى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دىن 15 مىنۇتلار ئۆتكەندە، شى جىنپىڭ قوراللىق ساقچى 2 - جىددۇيى باش ئەترىتىگە كەلدى. قوراللىق ساقچى 2 - جىددۇيى باش ئەترىتى دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا تەڭشەپ تەشكىللەنگەن بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قاتار جىددىي، قىيىن، خەتەرلىك، ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئورۇندىدى. شى جىنپىڭ ئەسكەرلەرنى مەشقلەندۈرۈش، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، ئۇ ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپلا قىسىمنىڭ مەشىق ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. مەشىق مەيدانىدا مەشغۇلات بۇيرۇقى ئۈزۈلمەي ياڭراپ، كەسپىي قورال - جابدۇقلار گۈرۈلدەپ، ئالدىراش ھەربىي مەشىق مەنزىرىسى نامايان بولۇپ تۇراتتى. شى جىنپىڭ پارتلىتىشقا قارشى تۇرۇش سايمانلىرىنى مەشغۇلات قىلىش، ئىشلىتىش، خىمىيىلىك قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش، رازۋېدكا قىلىش، تازىلاش، دېزىنفېكسىيەلەش، قۇرۇلۇش ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش مەشغۇلاتى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# «بۇ يەرنىڭ تاغ - دەريالىرىغا، بىر تال گىياھ، بىر تۈپ دەرىخىگىمۇ چوڭقۇر مېھرىم بار»

### ــــ «14 - بەش يىل»دا ئىشنى باشلاش پەيتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ فۇجيەنگە بېرىپ تەكشۈرۈشتە بولغانلىقى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغانلىقى توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى مۇخبىرلىرى دۇ شاڭزې، يەن كې
شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ شياۋسۇڭ، جۇ جىچەي

يول بويى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، قايتا ئەسلىدى، پىكىر يۈرگۈزدى.

يول بويى ئاشۇ تاغلار، ئاشۇ دەريالار، ئاشۇ يوللار، ئاشۇ كىشىلەرنى كۆرۈپ ھاياجانلاندى.

3 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە، باش شۇجى شى جىنپىڭ فۇجيەندە تەكشۈرۈشتە بولدى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

«بۇ قېتىم فۇجيەنگە كېلىشىمدىكى بىر چوڭ ئارقا كۆرۈنۈش بولسا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، ‹14 - بەش يىل›دا ئىشنى باشلاشتىن ئىبارەت بۇ باش تېمىنى چۆرىدەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش؛ شۇنداقلا فۇجيەندىكى يۇرتداشلارنى يوقلاشتۇر».

2002 - يىلى 10 - ئايدا فۇجيەندىن ئايرىلدى، شۇ چاغدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. فۇجيەندە، يولداش شى جىنپىڭ «ھاياتىمدىكى ئەڭ ياخشى يىللار»نى ئۆتكۈزدى.

1985 - يىلى فۇجيەنگە كېلىپ، شيامېندىن نىڭدېغا باردى، ئاندىن يەنە فۇجوۋغا باردى. فۇجيەندە خىزمەت قىلغان 17 يېرىم يىلنى قايتا ئەسلەپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ تەكشۈرۈشتە بولغان مەزگىلدە ھاياجان بىلەن مۇنداق دېدى: «بۇ يەرنىڭ تاغ - دەريالىرىغا، بىر تال گىياھ، بىر تۈپ دەرىخىگىمۇ چوڭقۇر مېھرىم بار. فۇجيەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، مەن فۇجيەنگە يەنە ئىنچىكە دىققەت قىلىپ كەلدىم. بۇ يەردە خىزمەت قىلغان مەزگىلدىكى بەزى ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىشلەرنى كېيىنكى خىزمەتلىرىمدە يەنىلا داۋاملىق ئويلاندىم ۋە چوڭقۇرلاشتۇردۇم، بەزىلىرى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تېخىمۇ چوڭ دائىرىدە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلدى».

ئەمەلىيەت ئۈستىدە ئىزدەنگەن ھەربىر ئۇششاق ئىشمۇ قاينام تاشقىنلىققا تولغان دەۋرنىڭ ئىنچام كارتىنىسىدۇر. بۇ خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ فۇجيەندە خىزمەت قىلغان چاغدا يازغان شېئىردىكىدەك: «بۇلۇتلار توختاپ بىر ئىزدا سوزۇلدۇردى يۇيۇپ ئاسماننى، فۇجيەننىڭ تاغ - دەريالىرىنى كىرگۈزدى گۈزەل تۈسكە».

ئىلگىرىكى ئوڭغۇل - دوڭغۇل تاغ يولىدىن «ئاسمان، يەر، بوشلۇق»تا تەرەپ - تەرەپكە تۇتىشىشقىچە؛ «قەغەزدە قاتۇرۇلغان فۇجوۋ شەھىرى»دىن «بەختكە تولغان فۇجوۋ»غىچە؛ خەلق تۇرمۇشىدىكى ھەربىر قىيىن مەسىلىدىن «تاشنى سىلاپ دەريادىن ئۆتۈش»كىچە... تۈنۈگۈنكى كۆرۈنۈش بىلەن بۈگۈنكى مەنزىرە تەكشۈرۈش جەريانىدا توختىماي ئالماشتى. فۇجيەننىڭ ھېكايىسىمۇ جۇڭگو ھېكايىسىنىڭ بىر جانلىق ئىنچام كارتىنىسى. ۋۇيىشەن تېغىنىڭ قاتمۇقات چوققىلىرى گىرەلەشتى، سەنمىڭنىڭ ئىسلاھاتى ئوڭۇشلۇق بولدى، فۇجوۋ شەھىرىنىڭ «بىر پارچە ئۇلۇغۋار پىلانى ئاخىرغىچە سىزىلدى»، كىشىلەر باش شۇجىنىڭ قەدىمىگە ئەگىشىپ، فۇجيەننى ئوقۇپ چۈشەندى، جۇڭگونى ھېس قىلىپ بىلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كېۋەز تېرىش خىزمىتى ئارقا - ئارقىدىن باشلاندى

### تۈت جاي بىرلىشىپ خەۋەر قىلىپ، سىزگە شىنجاڭدىكى مىليون مو كېۋەزلىكنىڭ «ئادەمسىز» ماشىندا تېرىلىشىنى كۆرسىتىدۇ

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لىيۇ يىنىڭ** 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كېۋەز تېرىش خىزمىتى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئارقا - ئارقىدىن باشلانغان، ھەرقايسى جايلار كېۋەز تېرىشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى تاماملىغان، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ۋە تۇرپان شەھىرىنىڭ ئۇرۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى زاپىسى يېتەرلىك بولۇپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىكەن.

بۇ يىل، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش خىزمىتىنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى تەمىناتىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇردى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرىدىن 553 مىڭ 600نى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلدى، قانات يايدۇرۇلغان مەشغۇلات كۆلىمى 3 مىليون 478 مىڭ مو قېتىم بولدى، ئىشقا سېلىنغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى 180 مىڭ 800 دانە قېتىم بولدى، ھەرقايسى جايلار يەنە يەرلەر پارچە - پۇرات بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

سكانېرلاپ سىننى كۆرۈڭ

# شىنخۇا ئاگېنتلىقى «تارىخ بىلەن كەلگۈسىنى يورۇتۇش ــــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ قەدەم ئىزىغا ئەگىشىپ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنەيلى» دېگەن تەپسىلىي خەۋەرنى تارقاتتى

**ئۆز خەۋىرىمىز** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى پات ئارىدا 100 يىللىق تۇغۇلغان كۈنىنى كۈتۈۋالىدىغان پەيتتە، يەنە بىر مەيدان پارتىيە ئىچىدىكى مەركەزلىك تەربىيە — پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى پۈتۈن پارتىيەدە قىزغىن قانات يايدۇرۇلدى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ قەدەم ئىزى كونا ئىنقىلابىي رايونلار ۋە ئىنقىلابىي مۇقەددەس جايلارغا يېتىپ، قىزىل ئەسلىمىلەرنى قايتا ئەسلەپ، تەسىرلىك ھېكايىلەرنى بايان قىلىپ، پارتىيە تارىخىدىن ئالغان ئىلھامنى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىشى، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇشى، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلىشى، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشى ئۈچۈن شانلىق ئۈلگە تىكلەپ بەردى. شىنخۇا ئاگېنتلىقى 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بۇ ھەقتە «تارىخ بىلەن كەلگۈسىنى يورۇتۇش — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ قەدەم ئىزىغا ئەگىشىپ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنەيلى» دېگەن تەپسىلىي خەۋەرنى تارقاتتى، گېزىتىمىز ئەتە بۇ خەۋەرنى تولۇق تېكىستى بىلەن ئېلان قىلىدۇ.

# «شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق ئەنگلىيەگە قارىتىلغان مەخسۇس مەيدان سىنلىق تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جېڭ جو** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، «شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق ئەنگلىيەگە قارىتىلغان مەخسۇس مەيدان سىنلىق تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، بۇ قېتىمقى تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش يىغىنىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن جۇڭگونىڭ ئەنگلىيەدىكى باش ئەلچىخانىسى بىرلىكتە ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى شۆجۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتچىسى شۈ گۈيشياڭ، ئېلجان ئانايەت ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر، دىنىي زاتلار، ئامما ۋەكىللىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلىشىشى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، پاختا ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا ئۈزلۈكسىز تۆرتكە بولۇپ يېڭى نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

### چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ فۇجيەندە تەكشۈرۈشتە بولغاندا ۋە مەركەز مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 9 - قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ فۇجيەندە تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)